# 21611 ـ بالياتقۇنى سۆرەتكە ئېلىش ئۈچۈن سۈرەت نەيچىسى كىرگۈزگەندىن كېيىن ئايالغا يۇيۇنۇش ۋاجىپ بولامدۇ؟

## سۇئال

مەن بىر قانچە ئايدىن بىرى ھامىلدار بولۇش ئۈچۈن داۋالىنىۋاتاتتىم، ئايلىق ئادەتنى كۆزىتىش، ئىزچىل سۈرەت قىلىش ئۈچۈن دوختۇرنىڭ يېنىغا بارىمەن، سۈرەت تارتىش جەريانىدا سېستىرا يېقىندىن سۈرەت ئېلىش ئۈچۈن ئەۋرىتىمگە سۈرەت نەيچىسى كىرگۈزىدۇ، بەزى ۋاقىتتا ئەۋرىتىمگە دورىمۇ كىرگۈزىدۇ، ئەۋرەتنى سۈرەتكە ئىلىش ئۈچۈن سۈرەت نەيچىسى كىرگۈزگەندىن كېيىن يۇيۇنۇش ۋاجىپ بولامدۇ؟ . بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

دائىمي كومىتېت ئۆلىمالىرىدىن: ئايال ياكى سېستىرا ئەۋرەتكە ئۆسكىنە ياكى دورا كىرگۈزسە، بۇنىڭ بىلەن يۇيۇنۇش ۋاجىپ بولامدۇ؟ روزا بۇزۇلامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، ئۇلار مۇنداق جاۋاپ بەرگەن: يۇقىرىدا سورالغان ئىش يۈز بەرسە، جۇنابەت غۇسلىسىنى قىلىش ۋاجىپ بولمايدۇ ۋە روزىسىمۇ بۇزۇلمايدۇ"